# ئامېرىكىغىمۇ ، تۈركىيەگىمۇ

(ماقالە)

ئابدۇۋەلى ئايۇپ گۈلەن

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**«ئۇيغۇرلۇق مۇساپەمدىكى ئامېرىكا»نىڭ داۋامى**

ئائىلىمىزدىكى جىيەنلەر مېنىڭ تۈركىيەدىكى كەچۈرمىشلىرىم ۋە بىلىدىغانلىرىمنى ئاڭلاپ چوڭ بولۇشتى. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرغا ئامراقلىق، تۈركىيە پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ، سىياسىيونلىرىنىڭ، ئالىم ئۆلىمالىرىنىڭ گېپى داستىخاندا دائىم قىزغىن تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئۇلاردىكى تۈركىيە قىزغىنلىقى چوڭ بولغانچە كۈچىيىپ بارغان بولدى. مەن ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ تۈركىيەدە ياكى ئامېرىكىدا ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى دەپ مەسلىھەت سالدى. ئامېرىكىدىكى چاغلىرىمدا بەزى ئوقوغۇچىلىرىمنىمۇ خەت يېزىپ تۈركىيە ياكى ئامېرىكىدا ئوقۇشىنىڭ دىلىغۇللىقىدا مەندىن ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە ئويلىنىشقا باشلىدىم.

مەن ئامېرىكىغا بارماستا ۋەتەنىدە تۈركىيە قىزغىنلىقى كۆرۈلگەنىدەك ئەمەس ئىدى. تۈركىيە پەقەت پۇتبولخۇمار ۋە ناخشاخۇمار ياشلارنىڭ تۇرمۇشنى رەڭلەيتتى، ئاۋام ھاياتىغا بولسا غىلپاللا سايە تاشلاپ تۇراتتى. مۇساپىرەتتىن قايتىپ ۋەتەندىكى تۈركچە كىنو، كىيىم، تاماق، تىل ئىشتىياقىدىن سۆيۈندۈم. تۈركىيىگە ساياھەتكە، ئوقۇشقا ۋە كۆچۈشكە جابدۇنغانلارنىڭ كۆپلىكى مېنى زوقلاندۇردى. بەزىدە بۇ ھەقتە تەكلىپ، تەۋسىيەلەردە بولۇشۇمغا توغرا كەلدى. تاللاش دوقمۇشلىرىدا دوقۇرۇپ يۈرگەن، ئىككىلىنىش ئىكەكلىرىدە ئۆپراپ يۈرگەنلەرگە بىلگەن، كۆرگەنلىرىمنى تۆۋەندىكىچە سۇندۇم. قولۇمدا تەييار تەتقىقات يوق، ئۆزۈمنىڭ ئىزدەنگىنىدەك ئىمكانىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن كەچمىشىم ۋە كەچۈرمىشلەرگە قۇلاق سالايلى.

مەن 2005-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىيىگە قونغان ئىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي مەن تونۇيدىغان بىرەيلەننىڭ تۈركىيە ئەنقەرەدىكى داڭلىق بىلكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاشلاپ ئاۋستىرالىيىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن تۈركىيىگە بېرىپ تونۇشقان ئۇيغۇر دوستۇم ماڭا ئامېرىكا ياكى كانادىغا كېتىش مەسلىھەتىنى بەردى. مەن سورالمىغان ئەھۋالدا بېرىلگەن تەكلىپكە ھەيران قالدىم. تۈركىيىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن بىر قىسىم ياشلارنىڭ ياۋروپاغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن قولىدىن تۈز-تائام يېگەن ئوبۇلقاسىم ئىسىملىك بىر دوستىمىز بولىدىغان، ئۆزى بىلىملىك، كىتابخۇمار بالا ئىدى. ئۇمۇ ئۈچ-تۆت ئايلاردىن كېيىن ياۋروپاغا يۈرۈپ كەتتى. مەن تۈركىيىدە تۇرغان مەزگىللەردە كانادىغا، ئاۋستىرالىيىگە، ياۋروپاغا ۋە ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ياكى كۆچۈشكە كەتكەنلەرنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. پەرىزىمچە ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن تۈركىيە بىر شوتا، سەكرەش تاختىسى ياكى كۆۋرۈك بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنداق قىلمىغان ئۇيغۇرلارمۇ كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇراتتى. تۈركىيەدە ئىزچىل ئوقۇپ شىركەت ۋە ئالى مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان، موھىم تەتقىقات بازىلىرىدا ئۆرنەكلىك رول ئويناۋاتقانلارمۇ بار ئىدى.

مەن ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىر قانچە دوستۇمنىڭ تۈركىيىگە ساياھەتكە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. تۈركىيەدىكى دوستلىرىمنىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلدىم. ئەمما كەلگەنلەر بولمىدى. شۇڭا مەن كەتكەن 2006- يىلدىن كېيىن تۈركىيەنىڭ ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىدىن بىخەۋەر قالدىم. ئەمما كۆز ئالدىمدىكى رىياللىقنى سېلىشتۇرۇپ باقسام ئامېرىكىدىكى تۈرك ستۇدېنت دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ماشىنىسى بار ئىدى. ئەمما مەن تۈركىيىدىكى چېغىمدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ماشىنا ئالغان بىرىنىمۇ كۆرمىگەنىدىم، ھەم ئاڭلىمىدىم. مەكتىپىمىزدىكى تۈرك ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىمىز تەييارلىق قىلىپ

تۈرك مەدەنىيەت كېچىلىكى قىلدۇق. پائالىيەت جەريانىدىكى خىراجەتلەرنىڭ ھېسابى قىلىنىۋاتقاندا تۈرك دوستلىرىم تۈركىيىدە بۇنداق بىر كېچىلىك ئۈچۈن بىرەر ۋەخپىنىڭ (فوندى جەمئىيەت) ياردىمى بولمىسا مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئوقۇغۇچىلاردا بۇنچىلىك قۇربەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشتى.

فاتىھ ئىسىملىك دوستۇم ئايالى بىلەن بىناكارلىق كەسپىدە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى ئالدى. باشقا تۈرك ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ خىزمىتى توغرىلىق پەرەزلەر كۆپەيدى. فاتىھ بىلەن زەينەپ ئىستانبولدىكى ئون نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قايسىسىنى تاللاش ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. تۈركىيىدە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تاپمىقى تەس ئەمەسكەن. فاتىھ تۈركىيەنى ھېچ يەرگە تەڭ قىلمايتتى. تۈركىيە ئۈچۈن،تۈرك ئۈچۈن دېگەن مەنا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەكرەك پائالىيەتلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەمما ماڭا قىززىق تۇيۇلغىنى ئۇلار ئامېرىكىدىن قايتىدىغانغا بىر قانچە ئاي قالغاندا يەنە بىر باللىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالىم ئامېرىكىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ماڭا بەرگەن باللىق بولۇش مەسلىھەتى ئېسىمگە كەلدى. ئۇ شۇچاغدا ماڭا باللارنىڭ ئامېرىكا پۇقراسى بولۇشىنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە كۆپ چۈشەنچە بەرگەن ئىدى.

مەندىن ئامېرىكىغا ياكى تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇش توغرىسىدا مەسلىھەت ئالغانلارغا ۋە ياكى شۇ مەقسەدتە ياردەم سوراپ كەلگەنلەرگە دائىم شۇ گەپلەرنى دەپ بەرگۈم كېلىدۇ. تۈركىيىدە ئوقۇسىڭىز ئامېرىكىغا ساياھەتكە بارالمايسىز بەلكى،لېكىن ئامېرىكىدا ئوقۇش جەريانىدا تۈركىيە ساياھىتىگە چىقىنغۇدەك پۇل تاپالىشىڭىز مۇمكىن. ئامېرىكىدا ئوقۇسىڭىز تۈركىيىدىن خىزمەت تاپالىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن تۈركىيىدە ئوقۇپ ئامېرىكىدا خىزمەت تاپماق ئاسان ئەمەس. ئامېرىكىلىق بولسىڭىز تۈركىيىگە قولايلا كېتەلەيسىز، لېكىن تۈركىيەدىن ئامېرىكا ۋىزىسى ئالماق ئانچە ئاسان ئەمەس.

بىز ئۇيغۇر ئۈچۈن تۈركچە ئاسان، ئۇنى ئۆگىنىشمۇ، سۆزلەشمۇ، ئاڭلاشمۇ ھوزۇرلۇق بىر ئىش. ئەمما ئېنگىلىزچە ئۇنداق ئەمەس. بۇ تىل مۇرەككەپ، بۇ تىلدىكى ئۈچۈر مول بولغاچقا سۆزلۈك ھەددىدىن زىيادە كۆپ. ئېنگىلىزچە دۇنيانىڭ پەن، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ساھەلىرىنىڭ يېتەكچى تىلى بولغاچقا، بۇ تىل ئەڭ تېز سۈرئەتتە بېيىپ باشقا تىللارغا نۇرغۇن سۆز ئۇقۇملارنى ھەدىيە قىلماقتا. ئامېرىكىدا ئوقۇش بىلەن تۈركىيىدە ئوقۇش ھەققىدىكى ئىككىلىنىش ئەمەلىيەتتە بىلىم سەپىرىدە تونۇشلارغا سوغىدىشىۋالايمۇ ياكى تەييارلىقنى پۇختىلاپ مۇستەقىل ماڭالايمۇ دېگەندەك بىر تاللاش ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىلىنىشتۇر. ئەلۋەتتە، كۆپىنچىمىزگە تۇققانلارنىڭ كارۋىنىغا قېتىلىۋېلىش ئاسان تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئىزدىنىش سەپىرى، ھايات مۇساپىسى ئۇزۇن. يوللاردا تونۇشلار كارۋىنى، دەريالاردا تونۇشلارنىڭ قولۋىقى ئۇچراپ كەلمەيدۇ. بۇ سەپەرنى ھەممىمىز ئاخىرىقى ھېسابتا مۇستەقىل مېڭىپ تاماملىشىمىز كېرەك. شۇڭا تىلنىڭ ئاسىنى، يولنىڭ يېقىنى كۆزىمىزنى غەلەت قىلمىغاي. تۈركچە ئۆگىنىپ، تۈركىيىدە ئوقۇسىڭىز دۇنيانىڭ تۈركلەرگە مەلۇم بولغان، تۈركچىدە ئەكس ئەتكەن قىسمىدىن خەۋەردار بولۇشىڭىز مۇمكىن. نەتىجىدە سىز ئىنسانلار تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىنىڭ ئاز قىسمىغا ئىگە بولغان بولىسىز. ئەگەر ئېنگىلىزچە ئۆگىنىپ ئامېرىكىدا ئوقۇسىڭىز ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر مېۋىلىرى، ئىجادىيەتلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدىن خەۋەردار بولىسىز.

تۈركىيىدە ئوقۇشنى ئامېرىكىدا ئوقۇشنىڭ ئالدىغا تېزىۋالغان ئىنى-سىڭىللەر تۈركىيىنىڭ مۇسۇلمان تۈرك دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق ۋە ياردەملەرنىڭ دائىملىق ئىكەنلىكىنى، ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قېلىنىپ قالسا ئەنسىرەشنىڭ بىھاجەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدىكەن. بۇ توغرا، لېكىن مەجرۇھ قاراشتۇر. مەن تۈركىيىدە ئۇيغۇرلارغا باش پاناھ بولىدىغان ئورگان ۋە شەخسلەرنىڭ كۆپلىكىنى بىلمەن، شۇ ۋەجىدىن مەن تۈرك دۆلىتى ۋە تۈرك خەلقىدىن مىڭ مەرتىۋە مەمنۇن. مەيلى دۇنيانىڭ قەيەرىدە بولسۇن ئۇيغۇرنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرسە

تۈركىنىڭ يۈرىكىدىن قان ئاقىدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ تۇرۇپتىمەن. دۇنيانىڭ نەرىدە بولمىسۇن ئۇيغۇر بىلەن تۈركىنىڭ داستىخىنى بىر، غېمى-قايغۇسى بىر ھەتتا قەبرىلىرىمۇ يانمۇيان. ھالبۇكى بۇنداق غەمخورلۇق، ھىسداشلىق ۋە قېرىنداشلىق تۈركىيەگە كەلگەن بەزى ئۇيغۇرلاردا يېلىنىش، بېقىنىش ۋە كەمسىنىش خاھىشىنى ئېغىرلاشتۇرىۋەتكەن دېمەي بولمايدۇ. مەن تۈركىيىدىكى كۈنلىرىمدە يۈز بەرگەن بىر ئىشنى ھەرگىز ئۇنۇتالمايمەن. بىر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپ قىزىل ئاي مەيدانىدا كېتىۋاتقان ئىدىم، خىيال بىلەن بولۇپ مۇدۈرۈپ كەتتىم. قارىسام مېنى يۆلىۋالغىنى يەتمىشتىن ئاشقان پاكىز كىيىنگەن بىر كىشى بولدى. بۇ كىشى بىر ئىككى ئېغىز پاراڭ سېلىپلا «سەن ئورتا ئاسيالىقمۇ؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ۋەتىنى ھەققىدە پاراڭلىشىپ چىقىشىپ كەتتۇق. ئارامغا چىققان مەمۇر ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ خوشلىشىش ئالدىدا دېگەن «باج تاپشۇر، پارا بەرمە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلساڭ ئۆزۈڭنى ئۇيغۇر دەپ يىلىنىپ جازادىن قاچما» غۇرۇرۇمغا زەربە بولدى. چىرايىمغا مىڭ تەسلىكتە كۈلكە يۈگۈرتۈپ خوشلاشتىم. ئۇ ئاقساقالنىڭ مەندىن تۈركىيىدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى سوراپمۇ باقماي ماڭا قىلغان نەسىھەتلىرىدىن خورلۇق ھىس قىلدىم. ئەگەر ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز تۈركلەرنىڭ ھىسداشلىقىغا توكۇردەك يۆلىنىپ خەقنىڭ ئالدىدا ئاقساقلىمىغان بولسا، بۇ ئىشلار كۆپ تەكرارلانمىغان بولسا مەندەك بىر ناتونۇش ئۇيغۇر شۇنداق تەنبىھنى ئاڭلارمىدى؟ مەنچە ئۇيغۇر ياشلىرى تۈركىيە ۋە تۈركلەرنىڭ ياردىمىگە تەلمۈرۈپ ھىسداشلىقىغا بېقىنغاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا، ئاللاھ ياراتقان ئەقلىگە تايانغىنى ئەۋزەل.

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىشتە تۈركىيىنى مۇسۇلمان دۆلىتى بولغانلىقتىن بالىلىرىمىز ھەق يولدا مېڭىپ ئېزىپ كەتمەسمىكىن دەپ ئويلايدىكەن. بۇ پوتونلەي تۈركىيە ھەققىدىكى ۋە تۈركىيىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلىق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ئايلانغان دۆلەتلەر ھەققىدىكى ساددا تەسەۋۋۇر خالاس. تۈركىيە دېموكراتىك دۆلەت بولغاچقا قانۇننىڭ ئىجراسى بىر قەدەر ياخشى، لېكىن پۇلنىڭ كۈچى ئالدىدا قانۇن يەنىلا ئىگىلىپ تۇرىدۇ. بۇ دېگەنلىك پۇل بولسا ھەممە نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بالىلىرىمىزنىڭ ھەق يولدا مېڭىشى ئۈچۈن شۇ ھەق يولدا ماڭغانلارنى ۋە شۇ ھەق يولنى مۇرەسسەسىز قوغدايدىغان قانۇن بولۇشى كېرەك. قانۇن مۇكەممەل بولمىدى، دېگەنلىك بالىمىزنى بۇزىدىغان مەست قىلغۇچى زەھەرلەرنى سېتىۋالغىلى، چەككىلى ۋە ساتقىلى بولىدۇ-دېگەنلىكتۇر.

مەن 2005-يىلى «بۇزۇلۇپ»كەتمەسلىك ئۈچۈن تۈركىيىگە ئەۋەتىلگەن بالىلارنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىيىدە ئىككى يىل تۇرۇپمۇ تۈركچە سەۋىيەسى ئالىي مەكتەپ ئۆلچىمىگە يەتمەي يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندىم. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ساپسېرىق بىرسىنىڭ دوستۇمنىڭ كومپيۇتىرىدا شەھۋانى فىلىم قويىۋاتقىنىنى كۆرۈپ توسقاندىم. ئۇنىڭ يەنە مەندىن نومۇس قىلماي شۇ ئۆيگە ھەر ھەپتە ئاخىرى لەغمەن يېگىلى كېلىۋېلىشلىرى نومۇسۇمنى كەلتۈرگەندى. بۇنداق بالىلارنى ياخشى نىيەتلىك ئۇيغۇر كىشىلەر ئەقىدىلىك ئوقۇغۇچىلار ياتىدىغان جامائەت ياتاق بىنالىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ باقتى لېكىن كەچلىرى ۋاقتىدا ياتاققا قايتماي،ياتاقتا تاماكا چەككۈزمەيدىغانلىقلىرىدىن ئاغرىنىپ ھەقسىز ياتاقتىن يېنىپ چىقىشتى. پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن توغرا يولدا تەربىيەلىمەي، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ئەۋەتسەك توغرا يولنى تاپىدۇ، دەپ قاراش ساددىلىقتۇر. قانۇن دەخلىسىز ئىجرا قىلىنمايدىغان بىز تەلپۈنىدىغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە بالىلار ۋەتەندە نېمە قىلىۋاتقان بولسا شۇ ئىشنى قىلىۋاتىدۇ. ئامېرىكىلاردا بالىلارنى ئازدۇرىدىغان دورا ۋە مەست قىلىدىغان چېكىملىك ۋە كەيىپ قىلىدىغان ماددىلارنى قانۇنسىز ساتىدىغان يەرنى تېپىشمۇ بەرسى مۇشكۈل. ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە قانۇن قاتتىق چەكلىمە قويغان. ۋەتەندە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئېتىقاد چەكلەيدىغان ئىشلارنىڭ جەمئىيەتتە قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي ئاشكارە يامرىشى مەۋجۇد بولسا، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئېتىقاد چەكلەيدىغان رەزىللىكلەرنىڭ دىنىنىڭ چەكلىمىسىدە يوشۇرۇن

**يامىردىشى مەۋجۇد. ئامېرىكا قانۇن مۇرەسسەسىز، كەسكىن ئىجرا قىلىنىدىغان دۆلەت بولغاچقا پەرزەنتلەرنىڭ ھەق يولدا مېڭىشىغا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ، چۈنكى ئاتا-ئانىلار ئارزۇلاۋاتقان ھەق يول قانۇن ئىجازەت بەرگەن ۋە قوغدايدىغان توغرىلىق يولىدۇر.**

**ئەنقەرەدە كوجاتەپە دەيدىغان بىر جامە بولۇپ ھەركۈنى بەش ۋاقىت ئاڭلىنىدىغان مۇڭلۇق ئەرزان ئاۋازى كىشىنىڭ روھىنى يۈكسەكلىككە ئۈندەيدۇ. ئاشۇ جامەنىڭ كەينىگىلا بىر ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى جايلاشقان بولۇپ ئېشىپ كەتسە ئىككى يۈز ئادەم تۇرىدىغان بۇ يەردە ئوندەك مەمۇر ئىشلەيدۇ. مەن شۇ بىناغا ياتاققا ئورۇنلىشىش رەسمىيىتىنى بىر دوستۇم بىلەن بىللە بىر كۈندە بېجىرىپ بولالماي ھەقلىق ياتاق ئېلىپ تۇرغانىدىم. ماڭا ئاشۇ جامەدىن ئاڭلىنىدىغان مۇڭلۇق سادانىڭ ئاشۇ مەمۇرلاردىكى ھورۇنلۇق، قوپاللىق، شەكىللىۋازلىق، بىيۇكراتلىق قاتارلىق ئىستىللارنى تۈزىتەلمىگىنىگە قاراپ ھەيران قالاتتىم. كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتى جايلاشقان لاۋرىنس شەھىرىدە ئەنقەرەدىكىدەك ھەممە يەردىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرمايدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە مۇلايىملىق، سەممىيلىك، قىزغىنلىق، ياردەمسۆيەرلىك قاتارلىق مۇسۇلمانلىق سۈپەتلىرى بالقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ياخشىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىدىغان،يامانىنىمۇ ياخشى قىلىدىغىنى مۇكەممەل تۈزۈم، مۇرەسسەسىز قانۇن ۋە ئىلمىگە ئۇيغۇن مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائى مۇھىتتۇر. ئامېرىكا بۇ جەھەتتە تۈركىيەدىن ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدۇ.**

**مەن ئىنسانىنىڭ ئادالەت، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكتە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇڭا ئوقۇش ئىستىكىدىكى قېرىنداشلىرىم شۇنى ئېسىدە تۇتسۇنكى، سىزنى ئاداققىچە يۆلەيدىغىنى ئاتا-ئانىڭىز، جوڭگو، تۈركىيە ياكى تۈركلەر ئەمەس سىزنىڭ ئەخلاقىڭىز، جاسارىتىڭىز ۋە ئىقتىدارىڭىزدۇر. ئەمەلى ھىسابنى سوقىقاندا تۈركىيە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ سىزگە ھىسداشلىق بىلەن بەرگەن مۇكاپاتى بىلەن قورسىقىڭىزنى ئاران باقسىڭىز، ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە رىقابەتلىشىپ قازانغان مۇكاپات بىلەن ماشىنا سېتىۋالالايسىز. تۈركىيىگە تىلىنىپ كەلگەن بولسىڭىز نەگىلا بارسىڭىز سالاھىيىتىڭىز تىلەنگۈچى. بۇ سالاھىيەت بىلەن يەرلىك تۈركلەر ئالدىدىكى باراۋەر، مۇستەقىل ئىنسانلىقىڭىزنى دائىم ئۇنتۇشقا مەجبۇرلىنىسىز. تۈركىيىدە دائىم ياردەمگە ئېگىلىسىز، بېقىندى بولىسىز، چۈنكى سىز توفۇل، جىئارئەيلەردىن ئۆتۈپ باراۋەر رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقىپ تاللانغان ئەمەس، ئۇيغۇر بولغاچقا تاللىنىپ قالغان. مەن ياشلىرىمىزنى ھىسداشلىق مەۋجۇد بولمىغان، ئىتىۋار دېگەنلەر يوقالغان پەقەت باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، ئادىل رىقابەتلا تەكىتلىنىدىغان، ئىنساننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەلا بىلىنىدىغان ئامېرىكىغا بارسىكەن دەيمەن .**

**ئۆزگەرسەڭ دەيمەن. مەن سۆيۈپ يازغانلىرىمنى ھاياتتىن مەنە ئىزدىگەن، يامان ئادەتلەرگە، خاتا پوزىتسىيەگە، ناتوغرا تەپەككۇرغا قۇل بولۇشنى رەت قىلغان، مۇۋەپپەقىيەتتىن ۋاز كەچمەيدىغان بارلىق قەدىردانلىرىمغا سۆيۈنۈپ ھەدىيە قىلىمەن. كۆزلىگىنىم ئورتاق خۇشاللىق، كۆيلىگىنىم ئۆزگىرىش مارشى، ئۈمىد مارشىدۇر.**

مەنبە: ئىزدىنىش مۇنبىرى

ھوقۇقى: ئابدۇۋەلى ئايۇپ گۈلەنگە تەۋە

# يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net